# بارلىق كۈچلەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە هۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش

(بېشى 1 - بەتتە)

ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىي تەدبىرىگە ئەمەل قىلىپ، دىققەتنى ئېغىر نامرات رايون ۋە ئالاھىدە نامرات ئاممىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ ئىگىلەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا مۇھىم، زور باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

2014 - يىلىدىن 2018 - يىلىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 2 مىليون 314 مىڭ 700 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 2131 كەنت نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىقتى، 13 نامرات ناھىيە نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىدى، نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى 2013 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 19.4%تىن 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 6.1%كە تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا 1 مىليون 889 مىڭ 500 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 1707 كەنت نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىقتى، تۆت نامرات ناھىيە نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىدى، نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى 2013 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 29.1%تىن 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 10.9%كە تۆۋەنلىدى.

### ■ دىققەتنى دەل جايىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈش كىرىمنى كۆپەيتىش يوللىرىنى كېڭەيتىش

5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيەسى بويا يېزىسى كانچى ئېرىق كەنتىدىكى «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى مياۋ جۈن مۇخبىرغا تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: كەنت شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نامرات ئائىلىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

توختەمەمەت بەردى ئىلگىرى نامرات ئائالە ئىدى، ئائىلىسىدە ئادەم كۆپ، يەر ئاز بولغاچقا، كىرىمنى كۆپەيتىش يولى يوق ئىدى. بۇلتۇردىن بۇيان، كانچى ئېرىق كەنتىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنىڭ كۈنسېرى چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، توختەمەمەتنىڭ ئائىلىسىدە زور ئۆزگىرىش بولدى: ئىككى ئوغلىنىڭ بىرى جياڭسۇغا ئىشلەمچىلىككە باردى، بىرى ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلاشتى، ئۆزى ئوتلاق باشقۇرغۇچى بولدى، خوتۇنى ئۆيىدە باقمىچىلىق قىلدى، ئۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرى بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

بۇ يىلنىڭ بېشىدا، كەنتتە ھەمكارلىق كوپىراتىپى قۇرۇلدى، توختەمەمەت شۇ زامان ئائىلىسىنىڭ بەش مو يېرىنى ئوبوروت قىلىپ بېرىۋەتتى، بىر ئائىلە كىشىلىرى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىشلەپ، باقمىچىلىق قىلىپ، تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كەتتى.

لوپ ناھىيەسى «باشلامچى كارخانا + ھەمكارلىق كوپىراتىپى + نامرات ئائالە» كەسىپ تەرەققىيات ئەندىزىسىنى سىجىل بەرپا قىلىپ، نەسىللىك كەپتەر باقمىچىلىقى، قارا مور ئىشلەپچىقىرىش، چارۋىلارنى ھاۋالىلىك بېقىش قاتارلىق ئۈچ خىل ئاساسلىق شەكىلنى بېكىتىپ، قاراتمىلىق ھالدا نامرات ئائالىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى. 2014 - يىلىدىن 2018 - يىلىغىچە، پۈتۈن ناھىيە بويىچە 122 كەنت نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىقىپ، 84 مىڭدىن ئارتۇق ئائالە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

نەزەرنى لوپ ناھىيەسىدىن پۈتۈن شىنجاڭغا ئاغدۇرساق، ھەرقايسى جايلار «يەتتە بىر تۈركۈم»نى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش، ئېكولوگىيە تولۇقلىمىسى بېرىش قاتارلىق تۈرلۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق، نامرات ئائالىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلىدى.

قاغىلىق ناھىيەسىمۇ ئوخشاشلا شۇ يەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يوللىرى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، نامرات ئائالىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ بەردى. بەش يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ناھىيە بويىچە جەمئىي 70 نامرات كەنت نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىقىپ، 112 مىڭ كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا، يادرولۇق بولغىنى دەل جايىدا بولۇش. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلار «دەل جايىدا تېمىتىپ سۇغىرىش»، «نىشانلىق داۋالاش» شەكلىنى قوللىنىپ، ھەقىقىي نامراتلارنى يۆلەش، نامراتلارنى ھەقىقىي يۆلەش، ھەقىقىي نامراتلارنى قۇتۇلدۇرۇش، نامراتلىقتىن ھەقىقىي قۇتۇلدۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

### ■ ئېغىر نامراتلىقنى نىشانلاش ھۇجۇم قىلىش

بەش يىل جەريانىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئاسىنىدىن قىيىنغا ئۆتۈپ، تېيىزلىكتىن چوڭقۇرلىشىپ، بارغانسېرى قىيىننىڭ قىيىنىغا مەركەزلەشتى. ئاپتونوم رايون دىققەتنى سىجىل ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە نامرات كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، مەركەزلىك ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يەڭدى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيە ھەم تەۋەلىكىدىكى 192 ئېغىر نامرات يېزا - بازار، 1962 ئېغىر نامرات كەنت ۋە 1 مىليون 627 مىڭ 500 ئېغىر نامرات ئائالە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ بېكىتىلدى. 2018 - يىلى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلار 486 مىڭ 200 كىشىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، 444 نامرات كەنتنى نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى، نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى 2017 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 22.28%تىن 12.71%كە تۆۋەنلەپ، ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۇنجى جېڭى غەلىبىلىك بولدى.

ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، تەڭ كۈچ چىقىرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

2015 - يىلىدىن 2018 - يىلىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا ئورۇنلاشتۇرۇپ چۈشۈرۈلگەن مالىيە مەخسۇس يۆلەش مەبلىغى پۈتۈن ئاپتونوم رايون مەبلەغ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 80%تىن كۆپرەكىنى، ئېغىر نامرات ناھىيەلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ چۈشۈرۈلگەن مالىيە مەخسۇس يۆلەش مەبلىغى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست مەبلەغ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 85%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، مەركەزلىك ھالدا ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئىشلىتىلدى.

خوتەن ۋىلايىتى ئېچىۋېتىش شەكلىدىكى نامراتلارنى يۆلەشنى ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشى قىلىپ، «كەسىپنى تۇتۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش»نى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەۋقەنى قوي، توشقان، كەپتەر، قارا مور قاتارلىق خاس باقمىچىلىق، تېرىقچىلىق قۇرۇلۇشلىرىنى ئەمەلىي تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قويۇپ، «100 مىڭ، 1 مىليون، 10 مىليون، 100 مىليون» قۇرۇلۇشىنى بەرپا قىلىپ، چەكلىك يەردىن سىرت يېزا ئىگىلىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى ئاچتى.

قەشقەر ۋىلايىتى شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ كەسىپ ئارقىلىق يۆلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق يۆلەش، ئۆي ئەسلىھەلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈش، نامراتلارنى ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش قاتارلىق ئون چوڭ قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇپ، كۆپ خىل تەدبىر ئارقىلىق نامرات ئائالىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ھەر تەرەپلىمە ئالغا سىلجىتتى.

...

دىققەت نۇقتىسى چېچىلمىدى، نىشان مەركىزى ئۆزگەرمىدى. ئېغىر نامراتلىقتىن ئىبارەت بۇ «ھەل قىلىش ئەڭ قىيىن مەسىلە»گە قارىتا، بۇ يىل ئاپتونوم رايون داۋاملىق دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىغا تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

### ■ «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ ئىگىلەش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش

بۇ يىل 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەكىت ناھىيەسى بازار جەمى بازىرىدىكى نامرات ئائالە خەيرىنىسا تۇراق ئاغرىپ قېلىپ بازارلىق شىپاخانىدا ئون نەچچە كۈن يېتىپ، شۇ جايىنىڭ داۋالاش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتىكى «تۆت تەكرار سۇغۇرتا» سىياسىتىنىڭ پايدىسىنى كۆردى، خەيرىنىسانىڭ خىراجەت جەھەتتىكى ئەندىشىسى تۈگىدى.

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، بازار جەمى بازارلىق شىپاخانىنىڭ شىپاخانا باشلىقى كوۋ شيۈلىڭ مۇنداق دېدى: ئاساسىي داۋالاش سەھىيە مۇلازىمىتى قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا ئەمەلىي نەپ يەتكۈزۈپ، نامرات ئائالىلەرنىڭ كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كېتىشى، كېسەل سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىپ كېتىشىنى ئۈنۈملۈك توستى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: 2020 - يىلىغا بارغاندا يېزىلاردىكى نامرات ئائالىلەرنىڭ تويۇنۇش، كىيىنىشتىن غەم قىلماسلىقىنى مۇقىم ئىشقا ئاشۇرۇش، مەجبۇرىيەت مائارىپى، ئاساسىي داۋالىنىش، تۇرالغۇ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش نامرات ئائالىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئاساسىي تەلىپى ۋە يادرولۇق كۆرسەتكۈچى بولۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ سۈپىتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

ئاپتونوم رايون باشتىن - ئاخىر «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى نامرات ئائالىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى ئاساسىي تەلەپ ۋە يادرولۇق كۆرسەتكۈچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەم ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالماي، ئۆلچەمنى يۇقىرىلىتىۋەتمەي، كۆزلىمنى ئاشۇرۇۋەتمەي، ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ساختىلىق ئىشلەتمەي، ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىۋەتمەي، سۈپەتكە تەسىر يەتكۈزمەي، ھەم ئالدىغا ئۆتۈۋالماي، ھەم قەستەن كەينىگە سۈرمەي، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى پۇختا، ياخشى قىلدى.

بەش يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشتىن چېكىنىشنى تىزگىنلەپ ئوقۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامرات ئائىلىلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇيدىغان مەكتەپ بولۇشى، ئوقۇيالايدىغان بولۇشى، ئوقۇشتىن چېكىنمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىقنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىشىنى توستى.

بەش يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئېغىر كېسەل سۇغۇرتىسى، داۋالىنىش ياردىمى، سودا ساغلاملىق سۇغۇرتىسى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇلۇپ، سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش بارلىق نامرات ئائىلىنى قاپلىدى.

بەش يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى، ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى، يېزىلاردا توك ئىشلىتىش، يېزا - كەنت يول قۇرۇلۇشى، كەڭ بەلباغلىق تور بىلەن قاپلىنىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، نامرات رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايون «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، مائارىپ، داۋالاش، ئۆي ئەسلىھە قۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشقا كۈچىدى. 2018 - يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە نامرات رايونلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى ئاجىز مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي ئوقۇتۇش شارائىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاش قاتارلىق تۈر مەبلىغىدىن 2 مىليارد 400 مىليون يۈەن ئەمەللەشتۈرۈپ، مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى 1592 مەكتەپنىڭ ئاساسىي ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا مەدەت بېرىلدى؛ 1 مىليون 627 مىڭ 500 نامرات ئائالە تولۇقلىما داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرۇلۇپ، شەھەر، يېزا ئائالىلىرى ئېغىر كېسەل سۇغۇرتىسى بويىچە نامرات ئائالىنىڭ ئالدىن چىقىم قىلىش سىزىقى بىردەك 60%كە چۈشۈرۈلدى؛ نامرات كەنتلەرگە سۇ، توك، رادىيو - تېلېۋىزىيە، كەڭ بەلباغلىق تورنى تۇتاشتۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە يىللىق پىلان ئورۇندالدى.

ئۆتكەن بەش يىلغا قايتا نەزەر سالساق، ئاپتونوم رايون نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى سالماقلىق بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، پۇختا ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش تارىخىي بۇرچىنى زىممىسىگە ئېلىپ، جەزمەن كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسى، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقى، ئۇرغۇپ تۇرغان غەيرىتى بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىدۇ.

# شى جىنپىڭ مالايسىيانىڭ ئالىي رەھبىرى ئابدۇللا بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

نۆۋەتتە، جۇڭگو، مالايسىيا ئىككى دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ھەمكارلىق ئىستىقبالى كەڭ. مەن جۇڭگو - مالايسىيا مۇناسىۋىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، ئىككى تەرەپنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى پۇرسەت بىلىپ، تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو بىلەن مالايسىيانىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىگە يېڭى ماھىيەتلىك مەزمۇن قوشۇشى، رايون تەرەققىياتىغا يېڭى كۈچ قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئابدۇللا تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مالايسىيا تەرەپ شۇنى خۇشاللىق بىلەن كۆردىكى، مالايسىيا - جۇڭگو مۇناسىۋىتى ئۆتكەن 45 يىلدا ئۈزلۈكسىز چېچەكلەپ مېۋە بەردى، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى. مالايسىيا تەرەپ مالايسىيا - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ داۋاملىق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە نەپ يەتكۈزۈشىنى قىزغىن ئۈمىد قىلىدۇ.

شۇ كۈنى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ مالايسىيا زۇڭلىسى ماخاتىر بىلەنمۇ ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. لى كېچياڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپ مالايسىيا تەرەپ بىلەن ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 45 يىللىقىنى پۇرسەت بىلىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىدە تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقتا تېخىمۇ كۆپ نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىشنى خالايدۇ. ماخاتىر تەبرىك تېلېگراممىسىدا جۇڭگونىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل ئېشىشى ھەم تىنچ تەرەققىياتىنى ئالقىشلىدى، مالايسىيا - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىن، دوستانە ئىكەنلىكىنى، مالايسىيا تەرەپنىڭ جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

98 يىلدىن بۇيان، پارتىيەمىز خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، بۇ بىزنىڭ پەخىرلىنىشىمىز ۋە ئىپتىخارلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى مەڭگۈ توختاپ قالمايدۇ، بىز دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت يەنىلا مۇشكۈل، مۇرەككەپ، زىممىمىزگە ئالغان تارىخىي بۇرچ شەرەپلىك ھەم مۇشكۈل. مەيلى قانداق خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارغا دۇچ كېلىشتىن قەتئىينەزەر، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسلى مەقسىتىنى مەڭگۈ ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، ئارزۇغا ئىنتىلىش قەدىمى مەڭگۈ توختاپ قالمايدۇ. بۈگۈن، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا، تۈپ ۋەزىپە — شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان سىياسىي پەزىلەتنى تاۋلاپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىش. بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىدە ئەسلى مەقسەتتە چىڭ تۇرۇپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش ئومۇمىي تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشتە ئۈنۈم بولۇش، ئىدىيە - سىياسىي جەھەتتە تاۋلىنىش، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتا مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىش، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، پاك - دۇرۇس بولۇپ ئۈلگە بولۇش نىشانىغا يېتىش كېرەك. شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، پارتىيەلىك كادىرلارنى پارتىيەنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيەۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، توغرا سىياسىي نەتىجە قارىشى تۇرغۇزۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئىستىلنى ياخشىلاشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك. ئۆگىنىش تەربىيەسىنى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى، مەسىلىنى تەكشۈرۈش، كۆزىتىشنى، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۈتۈن جەريانغا سىڭدۈرۈش كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ «ئەمەلىي ئىشلەشنى قەدىرلەش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش»نى قايتا - قايتا تەكىتلىدى. بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنىڭ ۋاقتى قىسقا، ۋەزىپىسى ئېغىر، تەلىپى يۇقىرى بولۇپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماق، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ پارتكوم (پارتگۇرۇپپا)لىرى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ھەيدەكچىلىك، يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. پارتىيەنى ئىدىيە جەھەتتىن قۇرۇش، پارتىيەنى نەزەرىيە جەھەتتىن قۇدرەت تاپقۇزۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيەدە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان، پارتىيەنىڭ ساپلىقىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان بارلىق مەسىلىلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، تىرىشىپ پارتىيەمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك؛ خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىۋى نۇقتىئىنەزەر ۋە ئاممىۋى لۇشيەننى ئىدىيەدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇپ، ھەرىكەتتە كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سىنىپىي ئاساسى ۋە ئاممىۋى ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش كېرەك؛ پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلارنى مەسئۇلىيەت، بۇرچنى دادىل زىممىسىگە ئېلىپ، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش روھىنى ئۇرغۇتۇپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى، بولۇپمۇ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يېتەكلەش كېرەك.

«ئاسمان - پەلەك دەرەخنىڭمۇ يىلتىزى بولىدۇ، ئەزىم دەريانىڭمۇ مەنبەسى بولىدۇ.» ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۈزلۈكسىز «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، داۋاملىق تاغقا يولۇققاندا يول ئاچىدىغان، سۇغا يولۇققاندا كۆۋرۈك سالىدىغان ئېچىش روھى بىلەن ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلابتا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزسا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەڭگۈ ياش تۇرۇپ، تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچى ۋە قۇدرەتلىك جەڭگىۋارلىقىنى مەڭگۈ ساقلىيالايدۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش غايەت زور پاراخوتى دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا شانلىق قىرغاققا غەلىبىلىك ئىلگىرىلىيەلەيدۇ!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 2 - بەتتە)

لى پېڭشىن مۇنداق تەكىتلىدى: ھازىر، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنىڭ ئاچقۇچلۇق باسقۇچىغا كىردى، جەزمەن «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىرلا غەيرەت قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلمىغىچە جەڭنى ھەرگىز توختاتماي، ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق پارتىيەگە بولغان مۇتلەق سادىقلىقنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئاچقۇچ يۇقىرى - تۆۋەن بىر نىيەتتە بولۇپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى ئاساسىي قاتلامنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يۇقىرى دەرىجىلىك تارماق، ئورۇنلارنىڭ ياردەم بېرىش، يېتەكچىلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ مەسىلىلەرنى بايقاش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا يېتەرلىك ئويلىنىشى، يېتەرلىك كۈچ سەرپ قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بېكىتكەن ئورۇنلاشتۇرما، تەلەپلەرنى چىڭ كۆزلەش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە. شەكىلۋازلىقتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئارقىلىق ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى ئاسراپ ۋە ئۇلارنى باشقىچە خىياللاردا بولماي خىزمەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە تېخىمۇ ياخشى تۈرتكە بولۇش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى زورايتىش»نى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، باشلامچى كارخانىلارنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىشى، تۈرتكە بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، «قان ئىشلەش» ئىقتىدارىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. پەن - تېخنىكا تىرىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش، كېڭەيتىش سالمىقىنى زورايتىپ، خاس باغ - ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ۋە چارۋىچىلىقنى كۆلەملەشتۈرۈپ راۋاجلاندۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش كېرەك. كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يېتەكلەش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپلىرىنىڭ قېلىپلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، نامرات ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىشتىكى ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقىنى قوزغىتىش كېرەك.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)